# ئاچچىقلانمىغىن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىشنى تەلەپ قىلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئاچچىقلانمىغىن» دېدى، ئۇ كىشى تەكرار تەلەپ قىلغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاچچىقلانمىغىن» دېدى.
[تېكىست توغرا] [بۇخارى رىۋايىتى]

ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنى پايدىلىق بىر ئىشقا باشلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى ئاچچىقلانماسلىققا بۇيرىدى، بۇنىڭ مەنىسى: ئاچچىقلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش، ئاچچىغى كەلگەندە ئۆزىنى كونتۇرۇل قىلىش، ئاچچىغى كىلىش بىلەنلا ئۇرۇش-سوقۇش، تىللىشىش، ھەتتا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئىشلارغا قەدەم باسماسلىقتىن ئىبارەت. ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن تەكرار تەلەپ قىلدى، لېكىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە «ئاچچىقلانمىغىن» دېگەندىن باشقا سۆز قىلمىدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4709